# پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى ھەم بەربات بولۇشى

— قوشۇمچە، بۆلگۈنچىلىك بايرىقى: «شەرقىي تۈركىستان» ھەققىدە

جى داچۈن

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بەرگەن ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو پەيدىنپەي يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودال جەمئىيەتكە ئايلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرى روسىيە جاھانگىرلىكى بۇلىۋالىدىغان ۋە تاجاۋۇز قىلىدىغان مۇھىم رايون بولۇپ قالغانىدى. ئۇ زوراۋانلىق سىياسىتىگە تايىنىپ، تەڭسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ 1 مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. XX ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، جاھانگىرلار جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئاساسلىقى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى قوترىتىپ، جۇڭگونىڭ چوڭ - چوڭ چېگرا رايونلىرىنى يۇتۇۋېلىش كويىدا بولدى: روسىيە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنى باستۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تاشقى موڭغۇلدىكى ئەكسىيەتچى ۋاڭ - گۇڭلارنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى؛ ياپونىيە جياڭ جيېشىنىڭ كومپارتىيىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي شىمالدا قورچاق «مانجۇرىيە دۆلىتى» قۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى؛ ئەنگلىيە شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، قەشقەردە قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى؛ ھازىر يەنە بىر ئوچۇم ئادەملەر مەملىكەت سىرتىدا قانداقتۇر «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش»، «تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىش» دەپ جار سېلىشماقتا. مانا بۇ پاكىتلار كىشىلەرگە شۇنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، جاھانگىرلار جۇڭگونى پارچىلاش، جۇڭگو زېمىنىنى بۆلىۋېلىش خام خىيالىدىن ئىلگىرىمۇ ۋاز كەچمىگەن ھازىرمۇ ۋاز كەچمىدى

شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان، شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر، تۈركىي تىللىق

مىللەتلەر مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. جاھانگىرلار شىنجاڭنى پارچىلاش سۇيىقەستىنى پىلانلاشتا، پانئىسلامىزمدىن، پانتۈركىزمدىن پايدىلانغان، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىققان. تاكى يېقىنقى كۈنگىچە، شىنجاڭدا بەزى ئادەملەر يەنىلا دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىپ، قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش كېرەك دەپ جار سېلىۋاتىدۇ!

ئۇنداق بولسا، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم دېگەن نېمە؟ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نېمە؟ ئۇلار قانداق كېلىپ چىققان، شىنجاڭغا قانداق تارقىلىپ كىرگەن؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بەزى چەت ئەل ئاغدۇرمىچى كۈچلىرىنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ كەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ داۋراڭ سېلىشىغا ئېرىشكەن؟ يەنە نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقى ۋە نەپرىتىگە ئۇچرىغان؟ بۇ ماقالىدە مۇشۇ جەھەتتە بىر ئاز مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچى.

## 1. «تۈرك» تىن «تۈركىي» گىچە

تۈرك — ئېلىمىز تارىخىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بىر قەبىلە بولۇپ، «ۋېينامە»، «شىمالىي چىنامە»، «جۇنامە»، «سۈينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» لەرنىڭ ھەممىسىدە «突厥» (تۇجۆ) دەپ يېزىلغان، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي شىمالدىكى جايلار ھەققىدە قوشۇمچە ئىلاۋە» دە «途鲁吉» (تۇلۇجى) دەپ يېزىلغان. تۈرك ئابىدىلىرىدە «Turk» دەپ يېزىلغان.

تۈرك (تۇجۆ) قەبىلىسىنىڭ ئانا ماكانى ئالتاي تاغلىرى بولۇپ، ئەڭ باشتا ئاۋارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، مىلادى 552 - يىلى تۈرك خانلىقىنى قۇرغان، خان ئوردىسى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ھاڭگاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىدى. خانلىقنىڭ تازا گۈللەن-

---

پوزىتسىيە مەسىلىسى. ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان بىر كىشىنىڭ سوتسىيالىستىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىشىنى تەساۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا خوجا

تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: زايىت رەھىم

گەن چاغدىكى زېمىن دائىرىسى شەرقتە لياۋخەي دېڭىزگىچە، غەربتە كاسپىي دېڭىز ياكى ئارال دېڭىزگىچە، جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىغىچە يەتكەن، شىمالدا بايقال كۆلىدىن ھالقىپ كەتكەن. 582 - يىلى، شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈركتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. شەرقىي تۈركلەر ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي، چوڭ قۇملۇق (موڭغۇل دالاسى) نىڭ شىمالىدا ئىدى، كېيىن چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا يۆتكىلىپ، تاڭ خاندانلىقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. 630 - يىلى، خۇيخې 回纥 (ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى) قاتارلىق قەبىلىلەر تەرىپىدىن ھالاك قىلىندى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ، ئىلى ۋادىسى ئارقىلىق كاسپىي دېڭىز ياكى ئارال دېڭىزغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىنىڭ نېرىسىغىچە، جەنۇبتا خوتەنگىچە يەتكەن. ئۇلارنىڭ زۇلمى بەك ئېغىر بولغاچقا، غەربىي يۇرتتىكى قەبىلىلەرنىڭ قارشىلىقى قوزغىلىپ، بۇ قەبىلىلەر تاڭ خاندانلىقى بىلەن بىرلىشىپ، غەربىي تۈركلەرگە بىرلىكتە زەربە بەرگەن. 657 - يىلى تاڭ خاندانلىقى غەربىي تۈرك خانلىقىنى يوقىتىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ كونا زېمىنىدا ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى (تۇرۇشلۇق ئورنى ھازىرقى كۇچادا) ۋە بېشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى (تۇرۇشلۇق ئورنى ھازىرقى جىمسساردا) تەسىس قىلغان، بۇ ئىككى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى باشقۇرغان.

شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرىنىڭ ھالاك بولۇشى قورال كۈچىگە تايىنىپ شەكىللەنگەن تۈرك قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا سەلجۇقلار بىلەن ئوسمانلىلار پۈتۈن قوۋمى بويىچە غەربكە كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ماڭغان پېتى كىچىك ئاسىياغا يېتىپ باردى، ياۋروپا تارىخىدا ئۇلار تۇران كۆچمەن چارۋىچىلار دەپ ئاتالدى. سەلجۇق تۈركلىرى مىلادى 1000 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە تەدرىجىي يوسۇندا غەربىي ئاسىيانى كونترول قىلىپ، خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شەرقىي روما (رىم) ئىمپېرىيىسى يەنى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇزاققىچە ئۇرۇشۇپ، كىچىك ئاسىيانى ئىگىلىۋالدى. بۇ چاغدا ئوسمانلى تۈركلەرمۇ پەيدىنپەي غەربكە كۆچتى، XIII ئەسىردە سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلدى،

ۋە بۇ پايتەختنىڭ نامىنى ئىستانبۇل دەپ ئۆزگەرتتى. XVI ئەسىر ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا (ھازىرقى گرېتسىيە، بۇلغارىيە، يۇگوسلاۋىيە، رۇمىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، شىمالىي ئافرىقا (ھازىرقى مىسىر، تىرىپولى، تۇنىس قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، غەربىي ئاسىيا (كىچىك ئاسىيا، ئەرەبىستان، مېسوپوتامىيە، پەلەستىن قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ئىگىلەپ، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنى ئاتلىغان بۈيۈك ئىمپېرىيىگە ئايلانغانىدى.

ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىمپېرىيە دائىرىسىدە زورلۇق بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، بولۇپمۇ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئوسمانلى تۈركلەردىن كۆپ تەرەققىي تاپقان شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا خەلقى ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز قارشىلىقنى قوزغاپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تېزلىكتە زاۋال تېپىشىغا سەۋەب بولدى. XVIII ئەسىردە، ياۋروپادىكى ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر «ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ مىراسلىرى» نى تالىشىش يەنى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى بۆلۈشۈۋىلىش كويىغا چۈشكەنىدى. بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، ياۋروپانىڭ بالقان يېرىم ئارىلىدىكى بەزى مىللىي دۆلەتلەر مۇستەقىللىققا ئېرىشتى، تۈركىيەمۇ بارا - بارا يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالدى.

تۈرك خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، پارچىلىنىشى، يىمىرىلىشى ۋە سەلجۇق تۈركلىرى بىلەن ئوسمانلى تۈركلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن ئىبارەت بۇ بىر تارىخىي جەرياندىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، تۈركلەر قەدىمكى زاماندىكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ياكى ئېيتايلۇق بىر ئۇلۇستىنلا ئىبارەت ئىدى. ئىلگىرى تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان بىر مۇنچە قەبىلىلەر ھازىرقى كۈندە ئوخشاش بولمىغان بىر مۇنچە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش بولمىغان مەملىكەتلەرگە تەئەللۇق بولدى، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆزى تەرەققىي قىلىپ يېقىنقى زامان مىللىتىگە ئايلىنالمىدى. بۈگۈنكى تۈركىيىلىكلەر ئۆزلىرىنى تۈرك (TurK) دەپ ئاتىغان (خەنزۇچىدە ئادەتتە تۈرك مىللىتىنى «土耳其» [تۇئېرچى] دېگەن تەرجىمە ئاھاڭ بىلەن ئىپادىلەيدۇ، «تۇئېرچى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ يېقىنقى زاماندا تۈركىي [Turkey] دېگەن سۆزدىن تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەن، ئىنگلىزچىدە بۇ ئاتالغۇ

يەنە شۇ تۈركچىدىكى Turk دېگەن سۆزدىن تۈرلەندۈرۈلۈپ، Turkie [تۈركىيە] دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان) دىن باشقا، ئىسلام ساھەسىدىكىلەر ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغان مىللەتلەرنىلا ئومۇملاشتۇرۇپ «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق مىللەتلەردىن ئېلىمىزدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، سالار، يۇگۇ (غەربىي قىسمىدىكى) قاتارلىق مىللەتلەر بار؛ چەت ئەلدە ئەزەربەيجان، باشقىرت، ياقۇت، تۈرك قاتارلىق مىللەتلەر ۋە مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغان چېگرا ئاتلىغان مىللەتلەر بار.

## 2. پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ كېلىپ چىقىشى

دېئالېكتىك ماتېرىيالىزمچىلار: دۇنيادىكى ھەر قانداق شەيئىنىڭ كېلىپ چىقىشى تاسادىپىي ئەمەس، دەپ قارايدۇ. پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بولسۇن، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئارقا كۆرۈنۈشى بار.

ئوسمان ئىمپېرىيىسى قۇراللىق ئىستىلا قىلىش، زورلۇق كۈچ بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ گۇمران بولۇشىمۇ مۇقەررەر ئىدى. ستالىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كونا تۈركىيە تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ ئارىلاشما گەۋدىسىدىن ئىبارەت ئىدى، پەقەت ئاناتولىيە (يەنى كىچىك ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاناتولىيە ئېگىزلىكى نامى بىلەن ئاتالغان — نەقىل ئالغۇچى) دىلا زىچ جايلاشقان تۈرك ئاھالىسى بولغان.» («لېنىن، ستالىن جۇڭگو توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى، 142 - بەت) ستالىن ئېيتقان بۇ كونا تۈركىيە، ئەمەلىيەتتە ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىدى. ئۇ يەنە تۈركىيىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىچىلىكىنى ئالاھىدە تەنقىد قىلىپ: ئۇ بارلىق ئاسسىمىلياتسىيىچىلىكنىڭ ئەڭ ۋەھشىيانە بىر تۈرى بولۇپ، بالقاندىكى مىللەتلەرنى نەچچە يۈز يىل دەپسەندە قىلدى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە بالقان ئەللىرىنىڭ مۇستەقىللىقىغا مەجبۇرەن يول قويۇش بىلەن تاماملاندى، دەپ قارىدى.

ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تېزلىكتە زاۋال تېپىشى ئابدۇلھەمىد II نى قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن «سۇلتان» دېگەن ئۇنۋانىغا، ئىسلام دىنىنىڭ سەردارى بولۇش

سوۋېتى بىلەن «خەلىفە» دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە ئىدى. دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى كۈنسايىن تارىيىۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مەنىۋى دۇنيا ساھەسىدە كېڭەيتىشكە يۈزلەندى. ئۇ مەملىكەت ئىچىدىكى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ دېموكراتىك سىياسەت يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ھەركەتلەرنى چەكلەپ، ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، پانئىسلامىزمنى ھەدەپ تەرغىپ قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى تۈرك سۇلتانى — خەلىفىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش كويىدا بولدى. پانئىسلامىزم ئوسمان ئىمپېرىيىسى زېمىنىدا مىللىي نىزانىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياش تۈرك پارتىيىسى بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ، «قانلىق سۇلتان» ھەمىد II نىڭ ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئىمپېرىيىنى زاۋاللىق تارىخىي تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، 1912 — 1913 - يىلى ياش تۈرك پارتىيىسى پانتۈركىزمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بوسپورۇس بوغۇزىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈرك سۇلتانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش خام خىيالىدا بولدى. دېمەك ئۇلار ھەمىد II نىڭ چەندىسىگە پۈتۈنلەي ۋارىسلىق قىلدى. ئۇلار تەشەببۇس قىلغان پانتۈركىزمنىڭ ھەمىد II نىڭ پانئىسلامىزمى بىلەن ھېچقانداق ماھىيەتلىك پەرقى يوق. شۇڭا كىشىلەر ھەمىشە پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى تەڭلا تىلغا ئالىدۇ. 1913 - يىلغا ئۇلۇ شۇپلايۇز بەرگەن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، تۈركىيە گېرمانىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى، ئۇنىڭ مەقسىتى گېرمانىيىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ پانتۈركىزمنى يولغا قويۇش ئىدى. پانتۈركىزم تەرەققىي قىلىپ، ئەشەددىي تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان شوۋىنىزم ئىدىيىسىگە ئايلاندى، تۈركىيە زېمىنىدىكى ماكېدونلار، ئەرمەنلەر، ئالبانلار ۋە ئەرەبلەرنى قىرغىن قىلدى. گېرمانىيە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولدى، تۈركىيىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى، غەربىي ئاسىيادىكى بېقىندى ئەللىرىنى ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر پۈتۈنلەي بۆلۈشۈۋالدى.

1919 - يىلى مۇستافا كامال بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، 1923 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررىتورىيىسى دائىرىسىدە پەقەت ئاسىيانىڭ كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى ۋە بوسپورۇس بوغۇزىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ياۋروپاغا تەۋە

بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۆلۈكىلا قالدى، پايتەختىمۇ ئەنقەرەگە كۆچۈرۈلدى. تۈركىيە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى دىندىن خالىي قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنچە يېڭى سىياسەتنى يولغا قويدى. مۇستافا كامال ئاتا تۈرك دەپ ھۆرمەتلەندى، لېكىن ئىدىيە - مەدەنىيەت جەھەتتە پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم ئۈزۈل - كېسىل تەنقىد قىلىنمىدى ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنمىدى، ئۇنىڭ زەھىرىنى تازىلاش تېخىمۇ بولمىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم ئوسمان ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەن ئىجتىمائىي - تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن. ئەگەر ئۇنىڭ دەسلەپتىكى مۇددىئاسىدا مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇش ئامىلى بار ئىدى دېيىلگەندىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلەيدىغان نىشانى يەنىلا ئۆز تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى مىللەتلەرنى داۋاملىق قۇل قىلىش، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى قايتا تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت كونا چۈشىنى تەكرارلاش ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، پانتۈركىزمنىڭ فاشىزمنىڭ تۈركىيىچە ئۆزگەرگەن تۈرى بولۇپ شەكىللىنىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس.

يۇقىرىقىلار پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئىچكى ئارقا كۆرۈنۈش. ئۇنىڭ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشىگە كەلسەك، يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن پانئامېرىكانىزم، پانئىرانىزم، پان گېرمانىزم، پانئەرەبىزم، پانسلاۋيانىزم، پانئىسكاندىناۋىيىزم ۋە رۇس شوۋىنىزمى قاتارلىق ئىدىيىلەر پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ شەكىللىنىشىگە، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە ئەۋج ئېلىشىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن.

پانئامېرىكانىزم XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭ شوئارى: «ئامېرىكا قىتئەسى ئامېرىكا قىتئەسىدىكىلەرنىڭ ئامېرىكا قىتئەسى» دېگەن شوئار بولۇپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكىلەر مۇشۇ شوئار ئارقىلىق، ئىلگىرىكى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىدىن بولغان ئىسپانىيە، پورتۇگالىيىلەرنىڭ قۇل قىلىشىغا قارشى تۇرغان. لېكىن ئامېرىكا بۇ شوئاردىن تېزلا پايدىلىنىپ، ئۇنى لاتىن ئامېرىكىسىغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى قورال قىلىۋېلىپ، ئامېرىكا خوجايىنلىقىدىكى ئاتالمىش «پانئامېرىكا سىستېمىسى» نى ئورناتماقچى بولغان، ئەمەلىيەتتە ئۇ «ئامېرىكا قىتئەسى ئامېرىكانلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسى» دېگەن شوئارغا ئايلىنىپ قالغان.

پانسلاۋيانىزم XIX ئەسىردە ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى زېمىنىدىكى سلاۋيانلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، سلاۋيانلارنى ئىتتىپاقلىشىپ يات مىللەتنىڭ، يەنى ئوسمان ئىمپېرىيىسى تۈركلىرىنىڭ قۇل

قىلمىشىغا قارشى تۇرۇشقا، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاۋستىرىيە ئىنقىلابىغىمۇ قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان. كېيىنكى چاغلاردا پانسلاۋىيانىزمدىن روسسىيە پايدىلاندى، چۈنكى رۇس تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى سلاۋىيان تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي سلاۋىيان تىلى تارمىقىغا تەئەللۇق بولغانلىقتىن، روسسىيە ئۆزىنى ياۋروپانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدىكى سلاۋىيانلارنىڭ نىجاتكارى ۋە ھىمايىچىسى ئورنىغا قويۇپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى سلاۋىيانلارنى «ئازاد قىلىش» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىققان ۋە ئۇنى ياۋروپاغا خوجا بولۇش قورالى قىلىۋالغان. ئۇ روسسىيىنىڭ ئۆز زېمىنىدىن باشقا يەنە ئېرژېبېرگى، كارپاتىئان تاغ تىزمىلىرىدىن قارا دېڭىز، ئائېگېئان دېڭىزى ۋە ئادرىئاتىك دېڭىزىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك سلاۋىيان ئىمپېرىيىسى قۇرۇش خام خىيالىدا بولغان. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «پانسلاۋىيانىزم — ئەسلى مەۋجۇت بولمىغان سلاۋىيان مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ نىقاب ئاستىدا دۇنيا زومىگەرلىكىنى تالىشىدىغان ئالدامچىلىق پىلانى، ئۇ بىزنىڭ ھەم روسسىيىلىكلەرنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز.» («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 35 - توم، 263 - بەت، — تەكىتلەش بەلگىسىنى نەقىل ئالغۇچى قوشقان) ئېنگېلس يەنە پانسلاۋىيانىزمنى كۆپ قېتىم تەنقىدلەپ، ئۇنى خام خىيالدىن ياكى رۇسلارنىڭ قامچىسىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قارشى يەنى ئاۋستىرىيە ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ ۋە جاھانگىرلار دەرھال پايدىلانغان. لېنىن پانئىسلامىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇ «ياۋروپا - ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرىدىغان ئازادلىق ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قاغان، پومېشچىك، موللىلىرىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇنىدۇ» دەپ قارىغان («لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 31 - توم، 129 - بەت). پانتۈركىزم ئۈستىدە، ئېنگېلسنىڭ پانسلاۋىيانىزم توغرىسىدىكى پاش قىلىشى ۋە تەنقىدى بويىچە بىز مۇنداق تەھلىل قىلساق تامامەن بولىدۇ: پانتۈركىزم — ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن مەۋجۇت بولمىغان تۈرك (突厥) مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ نىقاب ئاستىدا، جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى قول قىلىش ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ۋە جۇڭگونىڭ پۈتۈنلۈكىنى پارچىلاشتىكى ئالدامچىلىق پىلانىدۇر.

## 3. تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان

جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونىڭ پۈتۈنلۈكىنى پارچىلاشتا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ۋېۋىسكىسى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ «مۇستەقىللىقى» ئۈستىدە داۋراڭ سېلىشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ نام قانداق كېلىپ چىققان؟

«تۈركىستان» تۈركلەر (突厥人) ماكانلىشىپ ياشىغان جاي بولۇپ، مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە شەكىللەنگەن. بۇ نام پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى كىچىك بىر پارچە جاينىلا كۆرسەتتى. XII ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ نام ماۋرا ئۇننەھر (سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقى) نىڭ زور قىسىم رايونلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

ھازىرقى كۈندە، خەرىتىدە «تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى جاي بار: بىرى، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىر رايون تۈركىستان دەپ ئاتىلىدۇ، يەنە بىرى ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان رېسپۇبلىكىسىدىكى سىر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى بىر كىچىك بازار. XVI ئەسىردىن XVIII ئەسىرگىچە تۈركىستان شەھىرى قازاق خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان. بۇ ئىككى جايدىكى «تۈركىستان» نىڭ ھېچقايسى شەرقىي مېرىدىئان 17 گرادۇستىن ئېشىپ كەتمىگەن، جۇڭگو چېگرىسىدىن خېلى يىراقتا، بۇ شۇ چاغدىكى گېئوگرافلار ئاتىغان «تۈركىستان» نىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

كېيىنكى چاغلاردا تۈركىستان دېگەن بۇ نامنىڭ كۆرسىتىدىغان دائىرىسى بارغانسېرى چوڭايدى، ئۇنىڭ ئۇقۇمى تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارغا كېڭەيدى، ھەتتا بۇنىڭ بىلەنمۇ توختاپ قالمىدى. XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىمالىي تۈركىستان ۋە جەنۇبىي تۈركىستان دەپ ئايرىلدى، شىمالىي تۈركىستان سىبىرىيە بىلەن يىراق شەرقنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، بۇ تارىختىكى تۈرك خانلىقىغا تەۋە جايلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بىراق بۇ يەرلەردە تۇڭگۇس تىلى گۇرۇپپىسى بىلەن موڭغۇل تىلى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ نۇرغۇن ئاھالە ئولتۇراقلاشقان. جەنۇبىي تۈركىستان تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىن ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغىچە بولغان جايلارنى كۆرسىتەتتى، بۇ دائىرە ئاساسەن شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ يەردە ئاساسلىقى تۈركىي تىللىق

ئاھالە ئولتۇراقلاشقان، لېكىن ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ ئىران تىلى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ ئاھالىلەرمۇ بار ئىدى. شىمالىي تۈركىستان» دېگەن بۇ نامنى كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەر بارا - بارا قوللانمايدىغان بولدى.

XVIII ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، روسىيە ۋە ياۋروپادىكى بىر مۇنچە يازغۇچىلار «تۈركىستان» دېگەن بۇ نامنى ئىلگىرىكى «جەنۇبىي تۈركىستان» غا قارىتىپ قوللىنىدىغان بولدى. ئاساسەن پامىر ئېگىزلىكىنى چېگرا قىلغان ھالدا، «غەربىي تۈركىستان» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دەپ پەرقلەندۈردى.

1827 - يىلى روسىيىلىك تىمكوۋسكى (Timkovsky) تۇنجى بولۇپ «جۇڭگو تۈركىستانى» دېگەن نامنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن، روسىيىلىك بىچۇرىن (Bichurin) ماقالە يېزىپ، بۇنداق يەڭگۈشلەشكە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن «غەرقىي تۈركىستان» ۋە «جۇڭگو تۈركىستانى» دېگەن بۇ ئىككى نامنى ياۋروپالىقلار دائىم قوللىنىپ كەلدى، بۇ نام بەزىدە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، بەزىدە پۈتۈن شىنجاڭنى كۆرسەتتى. ياپونلار «غەربىي يۇرت» دېگەن سۆزنى چىنى تۈركىستان (chinese Turkestan) دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىزاھلاپ غەربىي يۇرتنىڭ زېمىن تەۋەلىكىنى ئىپادىلەشنى ياقتۇرىدۇ، بۇنى ئەيىپلەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر «نامى ئىگىسى بىلەن بولسۇن» دېگەن پرىنسىپ بويىچە بولغاندا، خەنزۇچە تەرجىمە نامى قوللىنىلسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

جۇڭگودا، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا نىسبەتەن تارىختا ئوخشاش بولمىغان ئاتاشلار بولغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى «ئالتە شەھەر» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بار، سەھىپە چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنى كونكرېت تونۇشتۇرمايمىز.

«غەربىي تۈركىستان» دېگەن نامغا كەلسەك، روسىيە كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىۋە، بۇخارا ۋە قوقەندىن ئىبارەت ئۈچ خانلىقنى يۇتۇۋالدى، 1867 - يىلى تاشكەنتتە تۈركىستان گوبېرناتورى (باش ۋالىيسى) تەسىس قىلدى، ئادەتتە بۇ كەڭ دائىرىلىك رايون «تۈركىستان» ياكى «روسىيىگە تەۋە تۈركىستان» (RussianTurkesfan) دەپ ئاتالدى. «Turkestan» دېگەن سۆزنى خەنزۇچىدە كۆپىنچە «土耳其斯坦» (تۈرچىستەن) دەپ تەرجىمە قىلىشىمىز مۇشۇ مەنبەدىن باشلانغان بولسا كېرەك. بۇنداق يېزىش توغرا ئەمەس، شۇڭا بەزىلەر «土耳其斯坦» (تۈرچىستان) دېگەن سۆزدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن

«突厥斯坦» (تۈركىستان) دەپ يېزىشنى ئىجاد قىلغان. ئەمەلىيەتتە، مەيلى تارىختىن ئالايلۇق ياكى چەت ئەل ئاتالغۇلىرىدىن ئالايلۇق، ئۇنى يەنىلا «土尔克斯坦» (تۇجۇستان) دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك (ئۇيغۇرچىدە بۇ مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، ھەممىسىلا ئۆز تىلىمىز بويىچە «تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدۇ ـ تەرجىماندىن).

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئەسلىدىكى تۈركىستان دېگەن جايدا تۈركىستان، بۇخارا ۋە خارەزمدىن ئىبارەت ئۈچ سوۋېت رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلغانىدى. 1924 ـ يىلىدىن كېيىن، ئۇنى تۈركمەن (خەنزۇچىدە بۇرۇن «土尔克明» [تۈركمېنىڭ] دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ھازىر «土克曼» [تۇكمەن] دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ، تۈركمەنلەر ياۋروپا ئىرقى بىلەن ئاسىيا ئىرقىنىڭ ئارىلاشما نەسلى، تۈركلەر [突厥 تۇجۆلەر] تۈركمەن مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان)، ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىز، قازاقتىن ئىبارەت بەش رېسپۇبلىكا قىلىپ تەڭشىدى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن قازاقىستاننى تەڭ ئاتايدۇ، بىز ئادەتتە «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش رېسپۇبلىكا» دەپ ئاتايمىز. لېكىن غەرب يازما ماتېرىياللىرىدا يەنىلا «تۈركىستان»، «روسسىيە تەۋەلىكىدىكى تۈركىستان» ياكى «روسسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن ئاتاشلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، يەر نامىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ، لېكىن ئۇ جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، ئاغدۇرمىچىلىقى ۋە پارچىلاش سۇيىقەستى بىلەن بىرلىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشى ۋە بەزى زىيالىيلارنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇشى تەخمىنەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 — 30 ـ يىللىرىدىن باشلانغان. كىشىنى بىئارام قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇ دەسلەۋىدىلا ئەكسىيەتچىل پانتۈركىزم بىلەن بىللە شىنجاڭغا سىڭىپ كىرگەن ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى ئاغدۇرمىچى كۈچلەر بىلەن، مەملىكەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

## 4. پانئىسلامىزمچىلار بىلەن پانتۈركىزمچىلارنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بەربات بولۇشى

### 1 شىنجاڭدا پانئىسلامىزمچىلار بىلەن پانتۈركىزمچىلارنىڭ پەيدا بولۇشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خۇسۇسىي مەكتەپلەر كۆپلەپ ئېچىلغان. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن، جەنۇبىي

شىنجاڭدىكى بەزى دىنىي مەكتەپلەردىمۇ پەننىي بىلىملەردىن دەرس ئۆتۈش باشلانغان. دىنىي مەكتەپلەردە پەننىي بىلىملەردىن دەرس ئۆتىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈركىيىلىكلەر، بەزىلىرى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەن يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغانلار، بەزىلىرى نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئادەملەر يا ئاشكارا، يا يوشۇرۇن ھالدا پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىلىرىنى تارقاتتى. 1908 - يىلى، بايلىق موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە» نى تۈزەتكەندە، كىتابنىڭ نامىنى «تارىخى ھەمىدى» دەپ ئۆزگەرتكەن ھەمدە كىتابنىڭ كىرىش قىسمىدا: «مەنمۇ بۇ دەۋرىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تايانچىسى ۋە ھىمايىچىسى بولغان ئۇلۇغ ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ خەلىپىسى، سۇلتان بىننى سۇلتان ۋە ئۇلۇغ ھەرەمەيننىڭ خادىمى ئابدۇل ھەمىدخان بىننى ئابدۇل مەجىتخان نامىغا بېغىشلاپ «تارىخى ھەمىدى» دەپ ئات قويدۇم». دېگەن (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرى، 39 - بەت - ت). مانا بۇ، پانئىسلامىزمنىڭ شىنجاڭدا مەلۇم تەسىرى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چەت ئەللەرگە چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلغان، ھەج قىلغان، ئوقۇغان ئادەملەرنىڭمۇ بەزىلىرى پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئاز ساندىكى كىشىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېتىقادى قىلىۋالغان، ھەتتا جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە سېتىلىشتىن باش تارتماي، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى گۇماشتىسىغا ئايلىنىپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى پارچىلىغۇچى جىنايەتكار بولۇپ قالغان. شىنجاڭدىكى پانئىسلامىزمچىلار ۋە پانتۈركىزمچىلەرنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى تۆۋەندىكى كىشىلەردۇر:

مەسئۇد، غۇلجىلىق. ئۇ ياش ۋاقتىدا تۈركىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، تۈركىيىنىڭ سىياسىي ئەرباپلىرى بىلەن ئالاقىلاشقان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياش تۈرك پارتىيىسى گېرمانىيىنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلىپ، ھەر قايسى جايلاردا پانتۈركىزمنى تارقاتقانىدى. بۇ چاغدا مەسئۇدمۇ 1915 - يىلى ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، ئىلىدا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەزى تۈركلەردىن پايدىلىنىپ مەكتەپ ئاچقان، شۇ ئارقىلىق پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىلىرىنى تارقاتقان.

سابىت داموللا، ئاتۇشلۇق. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردە پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ھىندىستان ئاخبارات ئورگىنى بىلەن ئۇچراشقان.

مۇھەممەت ئىمىن، خوتەن قارىقاشلىق، م. ئى بۇغرا ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلغا بارغان. ئۇ ئىسلام دىنىغا بولغان ئەسەبىي ئېتىقادىدىن ئىلگىرىلەپ، تېزلا پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلغان.

ئەيسا، يېڭىسارلىق. كىچىك چېغىدا خەنزۇچىنى ئۆگەنگەن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە تەرجىمان بولغان، كېيىن جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا تەرجىمان قوشۇمچە كاتىپ بولغان. شۇ چاغدا ئۆزبېكلەردىن پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلغان.

بۇ ئادەملەر بىر گۇرۇھ بولۇپ شەكىللىنىپ، «شەرقىي تۈركىستان»نى «مۇستەقىل» قىلىش توغرىسىدا جار سېلىشقان. ئۇ چاغدا جاھانگىرلار ئۆزىنىڭ ئاساسىي دىققىتىنى ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا قارىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پانئىسلامىزمچى ۋە پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىش بىلەن بەنت بولۇۋاتقان بولغاچقا، شىنجاڭغا قول سېلىشقا تېخى ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. ئۇلار (يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئادەملەر) تېخى بىرلىشىپ كۈچەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كىچىك بولمىغان بىر قىسىم بۆلگۈنچى كۈچ شەكىللىنىپ چىققانىدى.

ياڭ زېڭشىن دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭمۇ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، تۈركىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلەن دىن تارقاتقۇچى موللىلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى، 1927-يىلى يەنە مەسئۇدنى، قولغا ئېلىپ، كېيىن ئۇنىمۇ شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقاردى. ياڭ زېڭشىن بولسا فېئودال ھۆكۈمران ئىدى، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشتە، ئۇ دۆلەتكە ۋە مىللەتكە پايدىلىق بىر ئىشنى قىلدى.

### 2) قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قەيەردىن چىقىشى ۋە بەربات بولۇشى

1931-يىلى، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىمىزنى بېسىۋېلىپ، قورچاق «مانجۇرىيە دۆلىتى»نى قۇردى. شۇ يىلى، شىنجاڭدىمۇ جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ

قول ئاستىدىكى خوجا نىياز قاتارلىق كىشىلەر قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، گەنسۇدىكى ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى شىنجاڭغا باشلاپ كىرگەنلىكتىن، شىنجاڭنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتتى. شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىق جاھانگىرلارنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىنى پىلانلىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

قومۇلدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى دەرھال ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن سابىت داموللىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 1931 - يىلى، سابىت داموللا چەتئەلدىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، مۇھەممەد ئىمىن، خوجا نىيازلار بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەردە قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇردى، «يېڭى ھايات» ۋە «مۇستەقىللىق» دېگەن ناملاردا گېزىت - ژۇرنال نەشر قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۆلگۈنچىلىك تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ياۋروپادىكى «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلى ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلىپ باستى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ يىراقتىن تۇرۇپ ماسلىشىشىدىن قارىغاندا، جاھانگىرلارنىڭ بۇ ۋەقەدە ئوينىغان رولىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ يەردە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام ئەمدى جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇ بولماستىن، بۆلگۈنچىلىك ۋىۋىسكىسى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىق ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى قوزغىتىشى، تەبىئىيكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتتىق دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، جاھانگىرلار ئوتتۇرا ئاسىيا پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى تارقىتىپ، «مۇشاۋات»، «باسمىچى» قاتارلىق سىياسىي باندىتلارنى قوللاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر نەچچە سوۋېت رېسپۇبلىكىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنغانىدى. 1921 - يىلى، روسىيە كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) نىڭ 10 - قۇرۇلتىيىدا مىللىي مەسىلە توغرىسىدا قارار چىقىرىلىپ، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى تارقىتىش قاتتىق مەنئى قىلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقى خوجا نىيازنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەنلىكى ۋە سابىت داموللا بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى، ماجۇڭيىڭنىڭ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى دەپ جاكارلانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى، شىڭ شىسەي بولسا جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي تەيىنلەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ جاھانگىر-

لىكىگە قارشى تۇرىدىغان قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، شىڭ شىسەيگە يار-
دەم بېرىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ماقۇل
بولۇپ، ئۈرۈمچىنى قورشىۋالغان ماجۇڭيىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتتى.
ماجۇڭيىڭ تەڭ كېلەلمەي جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىندى.

1934 - يىلى 2 - ئايدا، ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۈرگەن قىسمى قەشقەرگە يېتىپ باردى، قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى يەرلىك خەلقنىڭ ماسلىشىشى بىلەن تېزلا گۇمران قىلدى، قورچاق جۇمھۇرىيەتنىڭ غول ئۇنسۇرلىرى تەرەپ - تەرەپكە قاچتى، قورچاق زۇڭتۇڭ خوجانىياز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا (خوجا نىياز دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراق سېتىۋالغان)، قورچاق زۇڭلى سابىت داموللىنى تۇتۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەردى، ئۆزى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇ ئىشنىڭ شەپىسىنى ئالدىراپلا قېچىپ كېتىپ تۇتۇلمىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماخۇسەن خوتەنگە بېرىپ شاھ مەنسۇر قۇرغان قورچاق خوتەن «ئىسلام خانىلىقى» نى يوقاتتى. 1937 - يىلى، خوجا نىيازنىڭ قول ئاستىدىكى مامۇت بىلەن ماخۇسەن يەنە ئەنگلىيە، ياپونىيە جاھانگىر تاجاۋۇزچى - ئاغدۇرمىچى كۈچلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توپىلاڭ كۆتۈردى، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئەسكەر چىقىرىپ بۇ قېتىمقى بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا ياردەملەشتى. سوۋېت قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەنگلىيىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى باستۇرۇشتا خېلى قاتتىق بولدى، شۇ قاتاردا بىر مۇنچە گۇناھسىز كىشىلەرگىمۇ زىيان - زەخمەت يەتتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە سوۋېت كومپارتىيىسى كىشىلىرىنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە جاھانگىرلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى تازىلاشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ، بۆلگۈنچىلىككە قارىتا بېرىلگەن بىر قېتىملىق قاتتىق زەربە بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ.

### 3. پانئىسلامىزمچىلار بىلەن پانتۈركىزمچىلارنىڭ ئامېرىكىغا ۋە جياڭ جيېشىگە تايىنىشى

مۇھەممەد ئىمىن شىنجاڭدا تۇرالماي، چەت ئەلگە قېچىپ بېرىپ، جاھانگىرلار باقىدىغان قاچاق تەشۋىقات ئەترىتىگە كىرىۋالدى.

ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، جاھانگىرلار بىر تۈركۈم قاچاق پانئىسلامىزمچىلار بىلەن پانتۈركىزملەرنى، مەسىلەن تۈركىيىلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن قېچىپ كەتكەن كوممۇنىزمغا قارشى ئۇنسۇرلارنى يىغىپ، مەخسۇس ئەكسىيەتچىل تەشەببۇسلارنى تەرغىپ قىلىدىغان گېزىت – ژۇرناللارنى نەشر قىلغانىدى. مەسىلەن ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە تاتار يېزىقىدا چىقىرىلىدىغان «يېڭى ياپونىيە خەۋىرى»، فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە ئۆزبېك يېزىقىدا چىقىرىلىدىغان «ياش تۈركىستان»، گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدە تاتار يېزىقىدا «مىللەتنىڭ يېڭى يولى» دېگەن ژۇرناللار بار ئىدى. بۇ ئەكسىيەتچىل ژۇرناللار تۈرلۈك مەخپىي يوللار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا ۋە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەنىدى. بۇ ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى ئەرەبچە ھەرپ بىلەن بېسىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ژۇرناللارنىڭ تىلى تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشاش تىل گۇرۇپپىسىدىكى مىللەت خەلقى ئۇنى ئاساسەن ئوقۇيالاتتى. دېمەك، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم جاھانگىرلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلاش، جۇڭگونى بۆلۈپ تاشلاشتىكى ئىدىيىۋى قورالى بولۇپ قالغان.

مۇھەممەد ئىمىن ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە بېرىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابتا: «شەرقىي تۈركىستان» ئون مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، ئۇيغۇرلار بۇ يەردىكى ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان مىللەت، باشقىلارنىڭ ھەممىسى كۆچۈپ كەلگەن مىللەتلەر; ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان مىللەتتە دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولىدۇ، كۆچۈپ كەلگەن مىللەتلەردە دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولمايدۇ، دەپ جۆيلۈگەن. مۇھەممەد ئىمىن «مۇستەقىللىق» قا قۇترىتىش ئۈچۈن، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپلا قالماي، باشقا مىللەتلەرگە، جۈملىدىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگىمۇ قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ بۇ ساختا تارىخ كىتابى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىيالى بولۇپ قالغان.

ئەيسا تاشكەنتتىكى خىزمەت مۇددىتى توشۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، نەنجىڭغا كەتكەن. 1937 – يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتىكى بەزى دۆلەت-

لەرنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئەيسا بۇ زىيارەت پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپتىن چەت ئەللەردىكى پانئىسلامىزمچى ۋە پانتۈركىزمچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىنلەر بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆزلىشىپ، ئۇلارنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلغان. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئادەملەرنى بېقىپ، شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەينى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەزى مەنسەپ - ئۇنۋانلارنى بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ گېزىت - ژۇرنال چىقىرىشىغا رۇخسەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، «چىنى تۈركىستان ئاۋازى»، «يۇرت» دېگەنگە ئوخشاش ژۇرناللار ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنغان. مەسئۇد قاتارلىقلار «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى «چىنى تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتسە، جياڭ جيېشىنىڭ ئاسانراق قوبۇل قىلىشىنىمۇ بىلگەن. ئۇلار ۋېۋىسكىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمەي، ئۆزلىرىنىڭ پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزملىرىنى بۇرۇنقىدەكلا تەرغىپ قىلىۋەرگەن، ئۇنىڭ ئارىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى ۋالاقلاشلار ھەمدە شېڭ شىسەيگە قارشى تىللاشلارمۇ قىستۇرۇلغان، ئەلۋەتتە.

40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، خەلقئارا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە، شېڭ شىسەي بۇ پەيتنى تاللاپ بىر بۇرۇلۇپلا جياڭ جيېشىگە بېقىندى. ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچى جياڭ جيېشىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كىرىپ كەلدى. مەسئۇد قاتارلىقلارمۇ گېدەيگەن ھالدا يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ مۇھىم خىزمەتلەرگە تەيىنلەندى. 1946-يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىمى تۈزۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، مەسئۇد باش تەپتىش بولدى، مۇھەممەد ئىمىن تەمىرات نازىرى بولدى، ئەيسا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدى، كېيىنكى يىلى، مەسئۇد ئۆلكىنىڭ رەئىسى، ئەيسا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى بولدى.

بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭدا پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم راسا غالجىرلاشقانىدى، ئۇلار «چىنى تۈركىستان» دېگەن ۋېۋىسكىنى داۋاملىق كۆتۈرۈۋېلىپ، كۆرۈنۈشتە ئىلگىرىكى «شەرقىي تۈركىستان» بىلەن قارشىلاشقاندەك قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سودىلىشىپ، «يۈكسەك مۇختارىيەت» يەنى «مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن، مۇختارىيەتتىن يۇقىرى» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئەمەلىيەتتە

ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە تايىنىپ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، پەقەت پۇرسەت يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا، نائىلاج تۆۋەنرەك تەلەپ قويغانىدى، خالاس.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار جامائەتچىلىك - تەشۋىقات قوراللىرىنى ئىگىلەپ، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى ئاپ - ئاشكارا تەشۋىق قىلىدىغان گېزىت - ژۇرناللارنى شىنجاڭدا كەينى - كەينىدىن مەيدانغا چىقاردى. مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ئەيسا بىرلىكتە چىقارغان «چىنى تۈركىستان ئاۋازى» چۈگۈچەككە كۆچۈرۈلۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى «ئالتاي ئايلىق ژۇرنىلى» دەپ ئۆزگەرتىلگەنىدى. ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كەلگەندە شۇ نام بىلەن نەشر قىلىندى. ئۇلار يەنە «ئەرك گېزىتى» دېگەن نامدا گېزىت چىقاردى، مەسئۇد تەرەپدارلىرىدىن بولغان قۇربان قوداي «تاڭ نۇرى» دېگەن نامدا گېزىت چىقاردى. 1946 - يىلى، پولات قادىر يازغان «ئۆلكە تارىخى» مۇھەممەد ئىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» بىلەن تومۇرداش ھەم ئۇنىڭ داۋامى ئىدى. كېيىن «ئالتاي نەشرىياتى» (ئالتاي ئايلىق ژۇرنىلىنى چىقىرىدىغان نەشرىيات) مەسئۇدنى پەخرىي رەئىسلىككە تەكلىپ قىلدى، بۇ مەسئۇدنىڭ مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن ئاشكارا بىر ئېقىمغا قوشۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەسئۇد ئۆزىنىڭ ئورۇن - مەرتىۋىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبىدىن بىر ئاز ئېھتىيات قىلاتتى، 1947 - يىلى، ئالتاي نەشرىياتى يەنە تارىخ - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، ئەدەبىيات - تىل تەتقىقات ئورنى قۇردى ھەمدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا «دەرنەك» دەپ ئاتالغان لېكسىيە ئوقۇش سورۇنى تەشكىل قىلدى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنى يېمەك - ئىچمەك بىلەن كۈتەتتى، مۇكاپاتقا باھالانغانلارنى ئامېرىكىنىڭ پاركىر ماركىلىق قەلىمى، شۋېتسارىيە قول سائىتى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلايتتى، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا قىزىقتۇراتتى. ئۇلارنىڭ شوئارى: ۋەتىنىمىز تۈركىستان، مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سۆزلەر يىغىن سورۇنلىرىدا ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار يەنە خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئەيسانىڭ كونتروللۇقىدىكى «سەنمىنجۇيلىق ياشلار ئۆمىكى شىنجاڭ شۆبىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى «شىنجاڭ ياشلار ئۆمىكى» دەپ ئۆزگەرتتى، ئاخىرىدا ئۇ گومىنداڭ تەرىپىدىن بىكار قىلىندى؛ مەركىزىي بانكا تارقاتقان «شىنجاڭغا خاس چەك» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى «چىنى تۈركىستانغا خاس چەك» دەپ ئۆزگەرتتى؛ بۇ

قەغەز پۇل تارقىتىلىپ بىردەم كۈن ئۆتمەيلا، مەجبۇرىي يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈپ تاشلاندى، بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇلار ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ئارقا تىرەك قىلىۋېلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىمۇ ئانچە كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن.

مەسئۇدنىڭ تەختكە چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە قارىتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى بىر مۇنچە ئاڭلىق كىشىلەرمۇ قاتتىق نارازى بولغان. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان شارائىت ئاستىدا بىر قاتار كۆرەشلەرنى قىلىپ، ئاخىر مەلۇم غەلىبىگە ئېرىشكەن.

4. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمدىن پايدىلاندى

شېڭ شىسەي جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن چاڭ جيېشىگە بېقىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئىلگىرى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ھەربىي قوشۇنىنى، مەسلىھەتچىلىرىنى، مۇتەخەسسىسلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى؛ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاممىنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ، تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى ئۇلغايتتى؛ ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىشتىنمۇ باش تارتماي، مەلۇم تىزگىنلەش دائىرىسىدە، يەنى مەخسۇس شىنجاڭغا قارىتا ئاشۇنداق ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ زەھەرلىرىنى تارقىتىپ، «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ «مۇستەقىللىقى» ئۈستىدە قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز دۆلىتى ئىچىدىكى تاشكەنت، ئالمۇتا بۇ ئىككى جايدا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا «شەرق ھەقىقىتى»، «قازاق ئېلى» دېگەن نام بىلەن ئىككى خىل ژۇرنال چىقىرىپ، ئۇنى شىنجاڭدا قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېزىقتا (ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېزىق ئىسلاھاتى تاماملىنىپ، رۇس يېزىقى قوللىنىلىۋاتاتتى) نەشر قىلىپ، مەخسۇس شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلىرىغا كىرگۈزدى. ئۇ ئىشنى باشقۇرىدىغان كىشى سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزاسى بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق مەنسۇر روزىيېپ ئىسىملىك ئۇيغۇر ئىدى. 30 - يىللاردا ئۇ كىشى شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ، بىر نەچچە يىل شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى. بۇ ژۇرناللارغا دائىم

ماقالە يازىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆزىدە بىر مۇنچە پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىلىرى بولۇپ، بۇ ئىدىيىلەر ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئۈزۈل - كېسىل تازىلاپ چىقىرىلمىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار بىرئاز ماركسىزم - لېنىنىزم ئىبارىلىرىنى ئۆگىنىۋالغان بولغاچقا، ھەقىقەت ئىزدىگۈچى، ئازادلىققا تەلپۈنگۈچى نۇرغۇنلىغان ياش زىيالىيلار ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئۇلارنىڭ ماقالىلىرى ناھايىتى زور ئالدامچىلىق رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن ئالايلۇق، ئۇلار: جۇڭگو جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىسى، شىنجاڭ بولسا جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى دەپ جۆيلۈپ، «شەرقىي تۈركىستان» دىكى ھەر قايسى مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى بىرلىشىپ، «خىتايلار» نى قوغلاپ چىقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا چاقىرغان. بۇ سەپسەتىلەر لېنىننىڭ مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىسى توغرىسىدىكى توغرا بايانلىرىغا تامامەن خىلاپدۇر. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەت مەسىلىسى بار، بىرى — جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىسى، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى — مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ مۇستەقىل بولۇش؛ يەنە بىرى — كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي مەسىلە، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى — ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى يوقىتىپ، مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىش يولىغا مېڭىش. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماڭغىنى ئەنە شۇ ئىككىنچى يول ئىدى. لېكىن جۇڭگوغا قارىتا، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە - يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت خاراكتېرىنى بۇرمىلىشىغا، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، يەرلىك مىللەتلەرنى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە «مۇستەقىل» بولۇشقا قۇترىتىشىغا يول قويدى.

«يىراقتىكى سۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايتۇ» دېگەندەك قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە قاچقۇن ئېلىخان تۆرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى مەسچىتلەردە مۇسۇلمانلارغا قارىتا خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ «مۇستەقىل بولۇش» يولىدا «غازات» قىلىش توغرىسىدا بىۋاستە تەشۋىق قىلىشقا قويغان، ئۇ «ئۆلگەنلەر شەھىد، قالغانلار غازى» بولىدۇ دەپ جار سېلىپ، مۇسۇلمانلارنى قولغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلىشقا قۇتراتقان. ئېلىخان تۆرە ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېك بولۇپ، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزملىق ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، 1924 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، كېيىن

قېچىپ شىنجاڭغا كېلىۋالغان. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىمۇ قولغا ئالغانىكەن، ئاخىر ئۇ ئىلىغا قېچىپ بېرىپ، خەلقنى «مۇستەقىللىق» قا چاقىرىشتا ئەڭ قەتئىي ئۇنسۇر بولۇپ قالغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ رەئىسى ۋە قوراللىق قىسىملارنىڭ مارشالى بولغان. ئۇنىڭ تەسىرى شۇ يەرگىچە بېرىپ يەتكەنكى، ھەتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ بايراقلىرىغا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا» دېگەن شوئارلارمۇ يېزىلغان.

ئەينى چاغلاردا، شىنجاڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق بولۇپ، زىيالىيلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، پرولېتارىيات سىنىپى تېخىمۇ يوق ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاشتىن ئىلگىرى رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان ئىلغار زىيالىيلاردىن ئابباسوپ قاتارلىق بىر نەچچە كىشىلا بولۇپ، ھەممىسىلا ياش ئىدى، ئەخمەتجان بولسا تېخى ئۈرۈمچىدە قاماقتا ئىدى، ئۇنىڭ ئۆز تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇشى تەس ئىدى. گەپنىڭ تۈگۈنى تېخى بۇ يەردە ئەمەس، گەپ شۇ يەردىكى، ئېلىخان تۆرىدىن ئىبارەت بۇ پانئىسلامىزمچى ئۇنسۇرنى زادى كىم مەسچىتتىن تەكلىپ قىلىپ ئەپچىققان ۋە كۆككە كۆتۈرگەن؟ شۇڭا، نۇرغۇنلىغان زىيالىيلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئېلىخان تۆرىنىڭ پانئىسلامچىلىق «غازات» ئۇرۇشىغا ۋە بۆلگۈنچىلىكىگە نارازى بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئامالسىزلىق ھېس قىلىشقانىدى.

بىر تەرەپتىن، چېگرىنىڭ سىرتىدىن كىرگەن، بىزەچە ماركسىزم - لېنىنىزم ئىبارىلىرى قىستۇرۇلۇپ، «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ «مۇستەقىللىقى» نى تەشۋىق قىلىدىغان تەشۋىقات بۇيۇملىرى، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ياپ - يالىڭاچ پانئىسلامىزمنىڭ بىۋاسىتە قوزغاتقۇلۇقى ئاما ئىچىدە ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇنىڭ يەتكۈزگەن زىيىنى ناھايىتى زور بولدى.

## 5. شىنجاڭ خەلقىنىڭ پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمگە بەرگەن قايتۇرما زەربىسى

قەيەردە پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزملىق ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بولىدىكەن، شۇ يەردە ئۇنىڭغا قارشى قايتۇرما زەربە بېرىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل قىياپىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنى سېزىشى ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان كۈچلەرنىڭ توپلىنىشى ئۈچۈنمۇ بىر جەريان كېرەك. ئاخىر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ

بىرلىكى ۋە مەملىكەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ بايراق ئاستىدا، رەڭگارەڭ پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقاردى.

40 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمى پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم شىنجاڭدا راسا غالجىرلاشقان مەزگىل بولۇپ، ئىلىدا ئېلىخان تۆرە، ئۈرۈمچىدە مەسئۇد قاتارلىقلار بار ئىدى، ئىشنىڭ جىددىيلىك ۋە مۇھىملىق دەرىجىسىدىن ئالغاندا، ئاۋۋال ئېلىخان تۆرىنى بىر ياقلىق قىلىش زۆرۈر ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى يالتىدا ئۆتكۈزۈلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىدىن كېيىنكى 1945 - يىل 5 - ئايدا، ستالىن ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغان شەرت — جۇڭگو ھۆكۈمىتى، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ «ھازىرقى ھالىتى» نى ئېتىراپ قىلىش. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترۇمان (Truman) بۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى شۇنداق قىلىشقا قىستىدى، بۇ ئىش 8 - ئايدا ئىمزالانغان «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق ئىتتىپاق شەرتنامىسى» نىڭ شەرتنامىگە قوشۇمچە ئالماشتۇرۇلىدىغان ھۆججىتىدە ئوچۇق يېزىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلىنغان. 10 - ئايدا جياڭ جيېشى رادىئودا ئوچۇق ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى باشلاندى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت كۆرەش بىلەن تولغان، مىلتىق دورىسىنىڭ پۇرىقىمۇ ناھايىتى قويۇق بولغانىدى. لېكىن مۇنداق بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، مەيلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بولسۇن ياكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتتى، بۇ، سۆھبەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلىشنىڭ بىرىنچى مۇھىم شەرتى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ پانئىسلامىزمنى خەۋپلىك دەرىجىگە يەتكۈزگەن ھەم تىنچلىق سۆھبىتىگە جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان ئېلىخان تۆرىنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېتىپ، توسالغۇ كۈچنى چىقىرىپ تاشلىدى، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئۆزىلا ئېلىخان تۆرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك يولىدا چىڭ تۇرغانلىقىغا بېرىلگەن بىر قېتىملىق چوڭ زەربە ئىدى.

سۆھبەت نەتىجىسىدە «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» ھاسىل قىلىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، ئەخمەتجان ئۆلكىلىك

ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى، ئۇچ ۋىلايەت تەرەپتىن خېلى كۆپ كىشىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۇچ ۋىلايەتتە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى. كېيىن، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، بولۇپمۇ مەسئۇدنىڭ تەختكە چىقىپ ئۆلكىنىڭ رەئىسى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇچ ۋىلايەت تەرەپتىن ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشقان خادىملار ئىلىغا قايتىپ كەتتى، ئەخمەتجان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن ئۇچ ۋىلايەتنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى.

ئۇچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ چىڭ تۇرۇشى ۋە جاڭ جىجۇڭنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1948 - يىلى مەسئۇدنى رەئىسلىكتىن قالدۇرۇپ، بۇرھان ئەپەندىنى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. بۇ، پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە بېرىلگەن ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ زەربە بولدى. بۇرھان ئەپەندى ئۆلكىگە رەئىس بولغاندىن كېيىن، مەسئۇدنىڭ يېقىنى قۇربان قودايىنىڭ «تاڭ نۇرى» گېزىتىنى دەرھال پېچەتلىدى (كېيىن ئۇلار شەكلىنى ئۆزگەرتىپ «مەشئەل» دېگەن نام بىلەن گېزىت چىقارغان). بۇرھان ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى باشقۇرۇشى ئۇچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بەردى.

ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەر ئىلىدا نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ۋە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار تارقاتقان پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ بۆلگۈنچىلىك زەھەرلىرىنى تازىلىدى. 1948 - يىلى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، ئۇنى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، تەربىيىلەيدىغان بىرلىك سەپ تەشكىلاتى قىلدى، بۇ، ئىككى يىلدىن ئىلگىرى «جۇمھۇرىيەت»كە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن قوللىنىلغان يەنە بىر زور تەدبىر ئىدى. كۈرەش ئارقىلىق، ئاخىر «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام چۆرۈپ تاشلىنىپ، «شىنجاڭ» دېگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. روشەنكى، «شىنجاڭ» دېگەن نام بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام ئەمەلىيەتتە، بىرلىك بىلەن بۆلۈنۈشنىڭ سىياسىي پاسىلى بولۇپ قالدى. ئەخمەتجاننىڭ قوللانغان بۇ تەدبىرگە تولۇق باھا بېرىش كېرەك، ئەلۋەتتە، بۇ تەدبىرنى پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزملىق بۆلگۈنچىلىكىگە بېرىلگەن ئۈچىنچى قېتىملىق چوڭ زەربە دېيىشكە بولىدۇ، بۇنىڭ

بىلەن شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئوبدان تەييارلىق قىلىندى.

1949 - يىلى 8 - ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، موسكۋادىن غۇلجىغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇلارنى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بۇرھان ئەپەندىنىڭ قوروسىغا چۈشۈپ، ھەقىقەتكە قايتماقچى بولۇۋاتقان ھەر تەرەپنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش شارائىتى بارا - بارا پىشىپ يەتتى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى بىر ئوچۇم جاھىل كۈچلىرى، جۈملىدىن مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار، كۈننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، خەلقنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن، چېگرىدىن چىقىپ قېچىپ كەتتى. مەسئۇد ئازادلىقتىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندە، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسىي باندىتلار بىلەن بىرلىشىپ توسقۇنلۇق قىلىشىغا ۋە ئىلىدىكى بىر ئوچۇم پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنىڭ توپىلاڭ قىلىشىغا دۇچ كەلدى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ياچۇەكنىڭ ھارۋىنى توسماقچى بولغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش بولۇپ، ئاقىۋەتتە ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالىغىنى يوق. جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئاخىرقى ھېسابتا غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى پاسكىنا - ئىپلاس نەرسىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت يېڭى دەۋرنى ئاچتى.

## 5. خاتىمە

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى 10 نەچچە يىل ئىچىدە، پانئىسلامىزمچى ۋە پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلار شىنجاڭدا بىر نەچچە قېتىم بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى قوزغاپ، ئاخىر مەغلۇپ بولدى. سابىت داموللىنىڭ قورچاق «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى قىسىم تەرىپىدىن گۇمران قىلىندى، ئېلىخان تۆرىنىڭ «جۇمھۇرىيىتى» ئەخمەتجان، ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر

تەرىپىدىن ئىچكى قىسىمدا تۈزىتىلدى، مەسئۇد «يېرىم مۇستەملىق» بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئادەملىرىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورنىدىن قالدۇرۇپ يەڭگۈشلىۋەتتى. دېمەك، بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، ئۇ مۇقەررەر يۇسۇندا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ، پاكىت جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇنازىرىسىز ئىسپاتلىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكىدەك «500 مىليون خەلق جەم بولالمايدىغان» دەۋردىمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نەچچە قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستلىرىنى تارمار قىلىۋەتكەنىدى؛ جۇڭگو قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلانغان، شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەم چېگرا رايونى بولغان بۈگۈنكى كۈندە، بۆلگۈنچىلەرنىڭ تاياق - توقماق، قورال - ياراق كۆتۈرۈپ ئالا - توپىلاڭ قىلماقچى بولۇشى خۇددى «چۈمۈلىنىڭ ئۆزىنى چاغلىماي يوغان دەرەخنى لىڭشىتماقچى بولغىنىدەك كۈلكىلىك ئىش» دە!

يېقىندا، ۋاڭ ئېنماۋى، سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپ بۆلگۈنچىلىكتىن كېلىدۇ دەپ كۆرسىتىشى ھەرگىزمۇ ۋەھىمىلىك سۆزلەر بىلەن كىشىنى چۆچۈتۈش ئەمەس. بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بىر نەچچە يەردە ئوت ئۇچقۇنلىرى يۈز بەردى، قايسى يەردىكى ئۇچقۇندىنىڭ قانچىلىك ئاپەت، قانچىلىك زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ھەر مىللەت خەلقى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى - ئاغدۇرمىچى كۈچلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشىگە قارىتا سىياسىي ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك، مۇھىمى مۇنداق ئىككى چېگرىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش لازىم: خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بىلەن دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش؛ نورمال دىنىي ئېتىقاد ۋە بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرغۇچى، چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغۇچىلارنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش لازىم. لېكىن شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق. بۆلگۈنچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرغۇچىلار پەقەت بىر ئوچۇم ئادەملەر، لېكىن ئۇلار خەلقى ئالەمنىڭ لەنىتى - نەپرىتىگە قارىماستىن شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغانىكى، ئۇلارنى مەملىكەت سىرتىدىكى چاھانگىر دۈشمەن كۈچلەر قوللىغانىدىن باشقا،

ئۇلار مەملىكەت ئىچىدىكى بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ناھايىتى ئېغىر بولغان بەزى ئادەملەردىمۇ پايدىلانغان، بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى — دەل بۆلگۈنچىلەر پايدىلىنىدىغان ئىدىيىۋى ئاساستۇر.

ھازىر دۇنيا ۋەزىيىتى داۋالغۇش ئۈستىدە تۇرماقتا، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشى بىلەن، چۆكمە داشقاللار بىر مەھەل ئۆرلەپ چىقتى، جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۆرلەپ چىققان بۇ داشقاللارنى جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچىلەردىن ئىنئام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ھەمدە بۇ داشقاللاردىن ئۇلار پايدىلاندى. بۇنىڭغا قارىتا ھەممىمىز مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز ۋە توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا، كۆزنى ئىمىر - چىمىر قىلىدىغان ۋە ئەلپازى يامان ساختا كۆرۈنۈشلەر ئالدىدا گاڭگىراپ قالمايمىز.

ياش يولداشلارنىڭ بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتمىگەن، ئۇلار جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك خاتا ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئاشۇ بىر نەچچە پانتۇركىزمچىلەرمۇ ياش چېغىدا ئاشۇنداق ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تارقىتىشتىمۇ مەكتەپلەر، لېكسىيە سورۇنلىرى ئارقىلىق، ئاۋۋال باشلاپ ياشلارغا قول سالغان. بىز بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان ياشلارنى تالىشىش كۈرىشىنى بىر مەيدان كەسكىن سىياسىي كۈرەش ۋەزىپىسى سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئىجابىي جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ياشلارنى ئاڭلىق تۈردە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا يېتەكلەپ، شىنجاڭنى گۈللەنگەن، باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، بەختىيار سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ يېڭى چېگرا رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم!

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز يۇسۇپ